(بېشى 3 ـ بەتتە)

## 7. ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى ئەڭ دەسلەپتە ئىپتىدائىي دىن ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، كېيىن زوروئاستىر دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، قوچۇ قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘) خانلىقى ۋە ئۇدۇن بەگلىكىدە يۇقىرىدا خان ـ تۆرىلەردىن تۆۋەندە ئاۋام پۇقراغىچە ئومۇميۈزلۈك بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، نۇرغۇن قەدىمكى ئۇيغۇر (回鹘)لار ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، نېستورىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ھازىرغا قەدەر بەزى ئۇيغۇر مىللىتى ئاممىسى يەنىلا باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشى ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ غەربتىن شەرققە كېڭىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ئەينى چاغدا ئاۋامنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا يۈزلەنگەنلىكىدىن بولماستىن، بەلكى دىن ئۇرۇشى ۋە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەجبۇرىي يولغا قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. گەرچە بۇنداق مەجبۇرلاش بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر مىللىتى ئاممىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمىسىمۇ، لېكىن بۇ بىر تارىخىي پاكىت. ئىسلام دىنى ھەم ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس، ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىنمۇ ئەمەس.

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانىدا، ھەم بۇ مىللەتلەرنىڭ ئەسلىدە بار بولغان ئېتىقادى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان، ھەم شىنجاڭ رايونىدىكى باشقا مىللەتلەر ۋە ئىچكىرى جايلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان، بىر قىسىم ئەسلىدە بار بولغان دىنىي قاراش، مۇراسىم، ئۆرپ ـ ئادەتلەر تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق ساقلانغان، داۋاملاشقان ھەم ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، روشەن رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شىنجاڭ ئىسلام دىنىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، ئىسلام دىنى ئەسلىدە ئاللادىن باشقا ھەرقانداق ئادەم ياكى شەيئىگە ئېتىقاد قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ، ئەمما ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەر ھازىرغىچە مازارغا تاۋاپ قىلىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ يەرلىكلەشكەنلىكىنىڭ ئەڭ تىپىك ئىپادىسى. مازارغا ئېگىز خادا تىكلەش، تۇغ باغلاش، قوي تېرىسىنى ئېسىش قاتارلىق ئادەتلەر شامان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك دىنلاردىن قېپقالغان. يەنە مەسىلەن، چيەنلۇڭ يىللىرىدا سېلىنغان غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىتى، ئۈرۈمچىدىكى شەنشى چوڭ مەسچىتى قاتارلىقلار سېلىنغاندىلا، ئىچكىرى جايلاردىكى ئەنئەنىۋى لىم، تۈۋرۈكلۈك قۇرۇلما قوللىنىلغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوچىلاشقانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن بۇيان، بولۇپمۇ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خەلقئارادىكى دىنىي ئەسەبىزم ئىدىيە ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، دىنىي ئەسەبىزم شىنجاڭدا پەيدا بولۇپ، يامراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى كۆپلەپ يۈز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور زىيان يەتكۈزدى. دىنىي ئەسەبىزم دىن تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، «ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىيسى سەپسەتىسى» «دىن ئەلاچىلىقى سەپسەتىسى» «كاپىرلىق سەپسەتىسى» «غازات سەپسەتىسى» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قۇترىتىپ، قوۋملارنىڭ قارشىلىشىشىنى پەيدا قىلدى. دىنىي ئەسەبىزم ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلاردا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ۋەتەننى سۆيۈش، تىنچلىققا ئىنتىلىش، ئىتتىپاق ئۆتۈش، ئوتتۇرا يول تۇتۇش، كەڭ قورساق بولۇش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتەك ئەقىدىلەرگە قارشى يول تۇتىدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى ئىنسانىيەتكە قارشى، جەمئىيەتكە قارشى، مەدەنىيلىككە قارشى، دىنغا قارشى. دىنىي ئەسەبىزم دىنغا بولغان ئاسىيلىق، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى دىنىي مەسىلىگە باغلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەگە دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ باھانە ئىزدەشكە قەتئىي بولمايدۇ، دىنىي مەسىلىگە چېتىلىدۇ دەپ سەۋەب كۆرسىتىپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى يوقىتىش جاۋابكارلىقىدىن باش تارتىشقا قەتئىي بولمايدۇ. شىنجاڭ خەلقئارا تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەدبىر قوللىنىپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشىنى قانۇن بويىچە قانات يايدۇرۇپ، زوراۋان ـ تېررورچى كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسىنى قاتتىق يەرگە ئۇرۇپ، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ پەيدا بولۇشى، يامرىشىنى كۈچلۈك توسۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىككە بولغان سەممىي ئۈمىدىنى قاندۇرۇپ، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلەندۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى قوغدىدى. شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى ئىنسانىيەت ھەققانىيلىقى، مەدەنىيلىكنىڭ رەزىللىككە، ياۋۇزلۇققا قاراتقان كۈرىشىدۇر. ئۇ قوللاشقا، ھۆرمەتلەشكە ۋە چۈشىنىشكە ئېرىشىشكە ھەقلىق. خەلقئارادىكى بەزى دۆلەت، تەشكىلات ياكى شەخسلەر تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە «قوش ئۆلچەم»نى يولغا قويۇپ، بۇنى كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلەپ، قالايمىقان جۆيلۈپ، ئىنسانىيەت ئومۇمىي قائىدىسىگە ۋە ئاساسىي ۋىجدانغا تامامەن خىلاپلىق قىلدى، ھەققانىيلىقنى ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكنى سۆيىدىغان بارلىق كىشىلەر بۇنىڭغا ھەرگىز ماقۇل بولمايدۇ.

### ئاخىرقى سۆز

تارىخ مەسىلىسى ـــ مۇھىم، زور پرىنسىپاللىق مەسىلە. تارىخىي ماتېرىيالىزم، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى تەتبىقلاپ، دۆلەت، تارىخ، مىللەت، مەدەنىيەت، دىن قاتارلىق مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، شىنجاڭغا دائىر بىرقانچە تارىخىي مەسىلىگە ئىلمىي جاۋاب بېرىش جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى، مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك، جۇڭگونىڭ بىرلىكىگە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك، رايوننىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئىقتىساد ئۇدا تەرەققىي قىلماقتا، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولماقتا، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەنمەكتە، دىنلار ئېجىل، رايىش ئۆتمەكتە، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشماقتا، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر «ئۈچ خىل كۈچ» بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، تارىخنى ئويدۇرۇپ، پاكىتنى بۇرمىلاپ، تارىخىي ئېقىمغا قارشى يول تۇتتى، ئۇلار جەزمەن تارىخ ۋە خەلقنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ، خالاس.

شىنجاڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىگە مەنسۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ماكانىنى بەرپا قىلىش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە ئىستىكى. نۆۋەتتە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، قوللىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بوشاشماي تىرىشماقتا. شىنجاڭنىڭ ئەتىسى تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!

قوشۇمچە

## جۇڭگو تارىختىكى سۇلالىلەر يىلنامىسىنىڭ قىسقىچە جەدۋىلى

| | | |
|---|---|---|
| ۋۇدى | تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 30 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ـــ تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 21 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە | |
| شيا | تەخمىنەن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 2070 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1600 ـ يىلغىچە | |
| شاڭ | مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1600 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1046 ـ يىلغىچە | |
| جوۋ | مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1046 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلغىچە | غەربىي جوۋ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1046 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 771 ـ يىلغىچە)؛ شەرقىي جوۋ (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 770 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلغىچە)، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 770 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 476 ـ يىلغىچە چۈنچيۇ دەۋرى؛ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 475 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلغىچە جەنگو دەۋرى، ئاساسلىقى چىن، ۋېي، خەن، جاۋ، چۇ، يەن، چى قاتارلىق بەگلىكلەر بار. |
| چىن | مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلغىچە | جوۋنەنۋاڭنىڭ 59 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 256 ـ يىلى)، چىن بەگلىكى جوۋ بەگلىكىنى يوقاتقان. 2 ـ يىلى (چىن بەگلىكى جاۋ شياڭۋاڭنىڭ 52 ـ يىلى، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 255 ـ يىلى)دىن چىن بېگى جېڭنىڭ 25 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 222 ـ يىلى)غىچە بولغان مەزگىلنى تارىخچىلار چىن بېگى يىلنامىسى دەپ پۈتكەن. چىن بېگى جېڭنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 221 ـ يىلى) بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تاماملاپ، شىخۇاڭدى دەپ ئاتالغان. |
| خەن | مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيە 220 ـ يىلغىچە | غەربىي خەن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 206 ـ يىلدىن ـــ مىلادىيە 25 ـ يىلغىچە)، ۋاڭ ماڭ (مىلادىيە 9 ـ يىلدىن ـــ 23 ـ يىلغىچە) ۋە گېڭ شىدى (23 ـ يىلدىن ـــ 25 ـ يىلغىچە)نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ شەرقىي خەن (25 ـ يىلدىن ـــ 220 ـ يىلغىچە). |
| ئۈچ بەگلىك | 280 ـــ 220 | ۋېي (265 ـــ 220)؛ شۇخەن (263 ـــ 221)؛ ۋۇ (280 ـــ 222). |
| جىن | 420 ـــ 265 | غەربىي جىن (317 ـــ 265)؛ شەرقىي جىن (420 ـــ 317). |
| جەنۇبىي ـ شىمالىي سۇلالىلەر | 589 ـــ 420 | جەنۇبىي سۇلالە: سۇڭ (479 ـــ 420)، چى (502 ـــ 479)، لياڭ (557 ـــ 502)، چېن (589 ـــ 557)؛ شىمالىي سۇلالىلەر: شىمالىي ۋېي (534 ـــ 386)، شەرقىي ۋېي (550 ـــ 534)، شىمالىي چى (577 ـــ 550)، غەربىي ۋېي (556 ـــ 535)، شىمالىي جوۋ (581 ـــ 557). |
| سۈي | 618 ـــ 581 | سۈي 581 ـ يىلى ھاكىمىيەت قۇرغان، 589 ـ يىلى چېن بەگلىكىنى يوقىتىپ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان. |
| تاڭ | 907 ـــ 618 | |
| بەش دەۋر | 960 ـــ 907 | بەش دەۋر مەزگىلىدە، كېيىنكى لياڭ، كېيىنكى تاڭ، كېيىنكى جىن، كېيىنكى خەن، كېيىنكى جوۋدىن باشقا يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بىر قىسىم فېئودال ھاكىمىيەتلەر ساقلانغان، بۇنىڭ ئىچىدە ۋۇ، ئالدىنقى شۇ، ۋۇيۆ، چۇ، مىن، نەنخەن، جىڭنەن (نەنپىڭ)، كېيىنكى شۇ، جەنۇبىي تاڭ، شىمالىي خەن قاتارلىقلار بار بولۇپ، تارىختا «ئون بەگلىك» دەپ ئاتالغان. |
| سۇڭ | 1279 ـــ 960 | شىمالىي سۇڭ (1127 ـــ 960)؛ جەنۇبىي سۇڭ (1279 ـــ 1127). |
| لياۋ | 1125 ـــ 907 | |
| غەربىي شيا | 1227 ـــ 1038 | |
| جىن | 1234 ـــ 1115 | |
| يۈەن | 1368 ـــ 1206 | موڭغۇللارنىڭ بورجىگىن قەبىلىسىدىن چىققان تېمۇجىن 1206 ـ يىلى ھاكىمىيەت قۇرغان. 1271 ـ يىلى قۇبلاي دۆلەت نامىنى يۈەن دەپ بېكىتىپ، 1279 ـ يىلى جەنۇبىي سۇڭنى يوقاتقان. |
| مىڭ | 1644 ـــ 1368 | |
| چىڭ | 1911 ـــ 1616 | چىڭ ھاكىمىيىتى 1616 ـ يىلى قۇرۇلغان، دەسلەپتە كېيىنكى جىن دەپ ئاتالغان، 1636 ـ يىلى ھاكىمىيەت نامىنى چىڭغا ئۆزگەرتكەن، 1644 ـ يىلى قورولدىن كىرگەن. |
| جۇڭخۇا مىنگو | 1949 ـــ 1912 | |
| جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى | 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى. | |

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)